بالىلار ئىنجىل ى
تونۇشتۇرۇلدى



# جەننەت،
# تەڭرىنىڭ گۈزەل
# ماكانى

ئاپتورى: Edward Hughes

رەسىمنى سىزغان: Lazarus
Alastair Paterson

قىسقارتقان: .Sarah S

ئالاقىلىشىدىغان تور بەت: Bible for Children
www.M1914.org

©2020 Bible for Children, Inc.
ئىجازەتنامە: بۇ ھېكايىنى كۆچۈرۈپ بېسىش
ھوقۇقىڭىز بار.پەقەت سېتىشقا بولمايدۇ.

ئەيسا يەر يۈزىدە ياشىغاندا شاگىرتلىرىغا جەننەت ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۇنى "ئاتامنىڭ ماكانى" دەپ ئاتىدى ۋە ئۇ يەردە نۇرغۇن سارايلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بىر ساراي يەنى چوڭ، چىرايلىق ئۆي. جەننەت يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق ماكانلاردىنمۇ چوڭ ۋە گۈزەل.



ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېدى: - مەن سىلەرگە بىر جاي تەييارلاشقا بارىمەن، ئەگەر مەن بېرىپ سىلەرگە ئورۇن تەييارلىسام، مەن يەنە كېلىپ، سىلەرنى ئۆزەم قوبۇل قىلىمەن.  ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، جەننەتكە كەتتى.  شاگىرتلىرى قاراپ تۇرغاندا، ھەزرىتى ئەيسا كۆتۈرۈلۈپ، بىر بۇلۇت ئىچىدە ئۇلانىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.



شۇنىڭدىن كېيىن، ئەيساغا ئەگەشكۈچىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىش توغرىسىدىكى ۋەدىسىنى ئېسىدە تۇتتى. ئەيسا ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئەگەشكۈچىلەرچۇ؟ مۇقەددەس كىتابدا، ئۇلار بىۋاسىتە ئەيسا بىلەن بىللە بولىدۇ دېيىلگەن.




تەندىن ئايرىلىش رەببىمىز بىلەن بىللە بولۇشتۇر.

ۋەھيلەر، مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمى بىزگە جەننەتنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەڭ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئالاھىدە بىر شەكىلدە، جەننەت تەڭرىنىڭ ماكانى. خۇدا ھەممىلا يەردە بار، ئەمما ئۇنىڭ تەختى جەننەتتە.



پەرىشتىلەر ۋە باشقا ساماۋى
مەخلۇقلار جەننەتتە خۇداغا ئىتائەت
قىلىدۇ. ئۆلگەن ۋە جەننەتكە كەتكەن
بارلىق خۇدا خەلقىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.
ئۇلار خۇدانى مەدھىيەلەيدىغان ئۆزگىچە
ناخشىلارنى
ئېيتىدۇ.



بۇ ئۇلار ئېيتقان بىر ناخشىنىڭ بىر
قىسىم سۆزلىرى: ھەزرىتى ئەيسا،
سەن ئۇلۇغدۇرسەن، چۈنكى ئۆزىڭنىڭ
ئۆلۈمى بىلەن ھەر بىر قەبىلە ۋە ھەر
مىللەتتىن بولغان ئىنسانلارنى خۇداغا
مەنسۇپ قىلدىڭ، بىزنى خۇدايىمىزنىڭ
خىزمىتىدىكى
پادشاھ ۋە
روھانىي
قىلدىڭ.
(ۋەھىيلەر
(9 :5



مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە جەننەت "يېڭى يېرۇسالېم" دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى چوڭ بۇلۇپ، سىرتى ئېگىز سېپىللار بىلەن ئورالغان. سېپىل يېشىل قاشتېشىدىن ياسالغان بولۇپ، خىرىستالدەك سۈزۈك.



ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە قىممەتلىك تاشلارسېپىلنىڭ ئۇلىنى يېپىپ، كۆركەم رەڭلەر بىلەن چاقناپ تۇراتتى. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ھەر بىرى بىرلا غايەت زور مەرۋايىتتىن ياسالغان.



ئۇ ئېسىل مەرۋايىت دەرۋازىلار ھەرگىز تاقىلىپ قالمايدۇ. كىرىپ ئەتراپقا نەزەر سىلىپ باقايلى ... ۋاھ! جەننەت ئىچى تېخىمۇ گۈزەل. بۇ شەھەر سۈزۈك ئەينەككە ئوخشاش ساپ ئالتۇندىن ياسالغان. ھەتتا كوچىلارمۇ ئالتۇندىن ياسالغان.



تەڭرىنىڭ تەختىدىن بىر گۈزەل، سۈزۈك دەريانىڭ ھاياتلىق سۈيى ئېقىپ چۈشىدۇ. دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە ھاياتلىق دەرىخى بار بولۇپ، ئۇ تۇنجى بولۇپ ئېرەم باغدا مەۋجۇت ئىدى. بۇ دەرەخ ئىنتايىن ئالاھىدە. ئۇھەر ئايدا بىر خىلدىن جەمئىي ئون ئىككى خىل ئوخشمايدىغان مېۋە بېرىدۇ. بۇ ھاياتلىق دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى مىللەتلەرنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈندۇر.



جەننەت يورۇقلۇق ئۈچۈن قۇياش ياكى ئايغا موھتاج ئەمەس. تەڭرىنىڭ شان-شەرىپى ئۇنى ئاجايىپ نۇر بىلەن تولدۇرىدۇ. ئۇ يەردە ھەرگىز كېچە بولمايدۇ.



ھەتتا جەننەتتىكى ھايۋانلارمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆندۈرۈلگەن ۋە دوستانە. بۆرە بىلەن قوزىلار بىللە ئوت-چۆپ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ھەتتا كۈچلۈك شىرلارمۇ ئۆكۈزدەك سامان يەيدۇ. پەرۋەردىگار: "ئۇلار مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمدا زەخىملەنمەيدۇ ۋە بۇزمايدۇ" دەيدۇ.



ئەتراپىمىزغا قارىساق، جەننەتتىن يوقاپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. ئاچچىق سۆزلەر ئاڭلانمايدۇ. ھېچكىم ئۇرۇشمايدۇ ياكى شەخسىيەتچى بولمايدۇ. ئىشىكلەردە قۇلۇپ يوق، چۈنكى جەننەتتە ئوغرى يوق.

يالغانچى، قاتىل، باخشى ياكى باشقا رەزىل كىشىلەر يوق. جەننەتتە ھېچقانداق گۇناھ يوق.



تەڭرى بىلەن بولغان جەننەتتە ئەمدى
كۆز ياش يوق.  بەزىدە، خۇدا خەلقى
بۇ ھاياتتىكى چوڭ قايغۇلار سەۋەبىدىن
يىغلايدۇ.  جەننەتتە، خۇدا بارلىق كۆز
ياشلىرىنى سۈرتىۋەتكەن.



جەننەتتە ئۆلۈممۇ يوق. خۇدانىڭ خەلقى رەببى بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قايغۇ، يىغلاش، ئازاب يوق. كېسەللىك يوق، ئايرىلىش يوق، دەپنە مۇراسىمى يوق.
جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ
ھەممىسى خۇدا بىلەن
مەڭگۈ خۇشال.



ھەممىدىن مۇھىمى، جەننەت ئەيسا مەسىھنى ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىگىسى سۈپىتىدە باش ئەگكەن قىز-ئوغۇللار (ۋە چوڭلارمۇ) ئۈچۈندۇر. جەننەتتە "قوزىنىڭ ھاياتلىق دەپتىرى" ناملىق كىتاب بار. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن تولغان. ئۇ يەردە كىمنىڭ ئىسمى يېزىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئەيساغا ئىشەنگەن بارلىق كىشىلەر.

سىزنىڭ ئىسمىڭىز بارمۇ؟



مۇقەددەس كىتابنىڭ جەننەت ھەققىدىكى ئاخىرقى سۆزى بىر
ئالاھىدە تەكلىپ. روھ ۋە كېلىنچەك: "كېلىڭلارر!" دەيدۇ.
ئاڭلىغۇچىلار "كەل!" دېسۇن. ئۇسسىغانلار كەلسۇن،
كىم خالىسا، ھاياتلىق سۈيىنى ئەركىن ئىچسۇن.



جەننەت، تەڭرىنىڭ گۈزەل ماكانى

خۇدانىڭ سۆزى، ئىنجىلدىن ئېلىنغان بۇھېكايە،

تېپىلغان

يوھاننا 14; 2 كورىنتلىقلار 5
ۋەھىيلەر 4، 21، 22

"سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسى يېشىلگەندە، نۇر چاچار يولىمىزغا."
زەبۇر 130:119


ئاخرەت

بۇ ئىنجىل ھېكايىسى بىزنى ياراتقان ۋە ئۇنى
تونۇشىڭىزنى خالايدىغان ئېسىل تەڭرىمىز ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

خۇدا بىزنىڭ يامان ئىش قىلغانلىقىمىزنى بىلىدۇ، ئۇ بۇنى گۇناھ دەپ ئاتايدۇ. گۇناھنىڭ
جازاسى ئۆلۈم، ئەمما خۇدا سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلى
ئەيسانى كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرۈشكە ۋە گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن جازالاشقا ئەۋەتتى.
ئاندىن ئەيسا تىرىلدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ جەننەتكە كەتتى! ئەگەر سىز ئەيساغا ئېتىقاد
قىلىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ چوقۇم
قىلىدۇ! ئۇ ھازىر كېلىپ سىزدە ياشايدۇ، سىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ياشايسىز.

ئەگەر بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنسىڭىز، بۇنى خۇداغا ئېيتىڭ:
قەدىرلىك ئەيسا، مەن سىزنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، ھەمدە مېنىڭ
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆلىدىغان ئادەمگە ئايلاندىڭىز، ئەمدى قايتا ياشايسىز. ھاياتىمغا
كىرىپ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، شۇنداق قىلسام مەن يېڭى ھاياتقا
ئېرىشەلەيمەن، بىر كۈنى مەڭگۈ سەن بىلەن بىللە بولىمەن. ماڭا ئىتائەت
قىلىشىمغا ۋە بالىڭىزدەك ياشىشىمغا ياردەملىشىڭ. ئامىن.

ئىنجىلنى ئوقۇڭ ۋە ھەر كۈنى خۇدا بىلەن پاراڭلىشىڭ! يۇھاننا 3:16